# تۇرۇڭلار مەن سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرەي

ئەنەس رەزىيەللاھ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى مۇلەيكە تاماق تەييارلاپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىرغان، رەسۇلۇللاھ تاماقنى يەپ بولۇپ: تۇرۇڭلار مەن سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرەي، دېدى. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: ئۇزۇن ئىشلەتكەنلىكتىن قارىداپ كەتكەن بىر بورىمىز بار ئىدى. مەن ئۇ بورىغا سۇ سېپىۋېتىپ كەلتۈردۈم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇردى، مەن يەنە بىر يېتىم بالا رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا سەپ بولۇپ تۇردۇق، مومای بىزنىڭ كەينىمىزدە تۇردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىزگە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ بەردى، ئاندىن قايتىپ كەتتى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنەس ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگەن، ئەنەس: رەسۇلۇللاھ مېنى ئوڭ يېنىدا، ئۇ ئايالنى ئارقىمىزدا تۇرغۇزدى، دېگەن

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

مۇلەيكە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تاماق قىلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىردى، ئاللاھ تائالا ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بۈيۈك ئەخلاق ۋە ئىسىل تەبىئەتلىك ياراتقان، جۈملىدىن ئۇ رەسۇلۇللاھ تولىمۇ كەمتەر ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئورنىنىڭ چوڭلۇقى ۋە شەرەپلىكلىگە قارىماي چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال، باي-كەمبەغەللەرنىڭ چاقىرغان يېرىگە باراتتى، رەسۇلۇللاھ بۇنىڭ بىلەن ئاجىز-بىچارىلەرنىڭ قەلبىگە ئۈمىت بېغىشلاش، يوقسۇللارغا كەمتەر بولۇش، نادانلارغا تەلىم-تەربىيە بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلەرنى ۋە يۈكسەك نىشانلارنى ئارزۇ قىلىپ ئۇ ئايالنىڭ چاقىرقىغا ئاۋاز قوشتى ۋە ئۆيىگە كىلىپ تامىقىدىن يېدى. ئاندىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چوڭلار سورۇنىغا بارالمايدىغان بۇ ئاجىزلارغا ناماز ھەققىدە تەلىم بېرىشنى ئۈمىد قىلدى ۋە ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىدىن ئوگۈنۈۋېلىشى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ بەرمەكچى بولغاندا، ئەنەس ئۇزۇن تۇرغانلىق ۋە ئىشلەتكەنلىكتىن كونىراپ قارىداپ كەتكەن بىر تال بورىنى يۇيۇپ ئېلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ بورىنىڭ ئۈستىدە تۇردى، ئەنەس بىلەن بىر يېتىم بالا رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىدا سەپ بولۇپ تۇردى، زىياپەت ئىگىسى بولغان بۇ ئايال ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئۇ ئىككى بالىنىڭ كەينىدە سەپ بولۇپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ ئىمام بولۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ بەردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەئۋەت ۋە تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇ رەسۇلۇللاھقا رەھمەتلىرىنى ياغدۇرسۇن ۋە بىزلەرنى ئۇنىڭ ئىش-ھەركەت ۋە ئەخلاقىغا ئەگىشىپ مېڭىشقا نىسىپ قىلسۇن!

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3324